# شى جىنپىڭ جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا بارلىق ۋەكىللەر بىلەن سەممىي كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن سەممىي ئەھۋال سورايدىغانلىقىنى ۋە قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلارنى ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرىبانلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قىزىل كرېست ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىغا كەلگەندە، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ۋەكىللەر بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاربىلاپ پاراڭلاشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

سۈن چۈنلەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم ئېچىلىش مۇراسىمىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 10 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قىزىل كرېست ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، قىزىل كرېست خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشنى قەتئىي چىڭ تۇتۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ھاياتلىقنى، ساغلاملىقنى قوغداپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، خەلقئارا ياردەمنى قانات يايدۇرۇپ، ئەل ئارا دىپلوماتىيەنى كېڭەيتىپ، تىرىشىپ دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش، خەلققە بەخت يارىتىش كېرەك.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى چېن جۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، قىزىل كرېست خەلقئارا كومىتېتىنىڭ رەئىسى پېتېر مائۇرېر سىنلىق سۆز قىلدى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋە قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى خەلقئارا بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى فرانسىسكو روكا سۆز قىلدى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى لى يۈفۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى قىلدى. يىغىندا 47 ـ نۆۋەتلىك نايتىڭگېر مېدالىغا ئېرىشكەن جۇڭگولۇق مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە مۇكاپات تارقىتىلدى ھەم مەملىكەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى سىستېمىسىدىكى 32 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئون ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، خۇاڭ كۇنمىڭ، شياۋ جيې كۆرۈشۈشكە قاتناشتى، چېن شى، ۋاڭ يۇڭ، ۋاڭ يى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **شېي خۇيبىيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى كۈنەس ناھىيەسىدە ئېچىلدى. يىغىندا ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش چۆرىدىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەت كەسپىنى بىرلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش ـــ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئىچكى تەلىپى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، سىياسەتتە تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى قوللاپ، تاللاپ، يېتىشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئەڭ قاتتىق بولغان سۈپەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى يولغا قويۇش كېرەك. بازار يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، مەدەنىيەت ئاساسى يېتەرلىك، جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى روشەن، بازار ئىناۋىتى يۇقىرى «كىچىك ھەم كۆركەم» خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ، خاس ئەلا سۈپەتلىك ماركا يارىتىش كېرەك. ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى، نامرات ئائىلىلەرنى قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىپ، قىممىتى يۇقىرى، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

# قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى باش نىشانغا تۈرتكە بولۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھاسىلاتنى ئېنىقلاپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى بەنزىسى ۋە بەنزە ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ كەمچىلىكنى ئېچىپ، ئەيىبنى ئاشكارىلاپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، ئەسكەرتىش، سەگىتىش، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مەقسىتىگە يەتتى.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەر قەلبىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، ئېسىل ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پاك ـ دۇرۇس، تۆھپە قوشىدىغان ياخشى سىياسىي ـ قانۇن كادىرلىرىدىن بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى 1 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى ھەم باھا بەردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما ئارىسىغا بېرىش، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مايىل قىلىپ ۋە مۇجەسسەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل، چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشنى كۈچەيتىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشنى ياخشى تۇتۇپ، بەخۇدلۇق ئىدىيەسى ۋە تەلەي سىناش پىسخىكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، نۇقتىلىق ئورۇنلارنى چىڭ كۆزلەپ، يوشۇرۇن خەۋپنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، ئاپەتتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، خەۋپ ـ خەتەر ئەسكەرتمىسىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ پولات ئىستىھكامى، پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەخسۇس ۋەزىپىدىكىلەر مەخسۇس مەسئۇل بولۇشى، مەخسۇس تۇتۇپ، مەخسۇس باشقۇرۇشى، بىرىنچى قول رەھبەر ئۆزى تۇتۇشى، باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇشى كېرەك، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام كۈچلىرى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك؛ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى قەلبكە پۈكۈپ، زىممىگە ئېلىپ، قولدا تۇتۇپ، ھەردەقەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلىپى بويىچە، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق، پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەمئىيەت قاتلىمىدىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئاممىۋى خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، پولاتتەك قەتئىي ئىشەنچ، پولاتتەك ئىرادە، پولاتتەك ئىنتىزام، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى. بىڭتۇەن ئورگىنى، ھەرقايسى بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر، رايون، يېزا، بازار، كوچا ۋە ھەرقايسى شى، شەھەر، تۇەن ـ چاڭلارنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ھەرقايسى شۆبە يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2019 ـ يىللىق كۈز مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **شۇ چىڭگۇاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) 2019 ـ يىللىق كۈز مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، مەمۇرىيەت شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى جې جېڭ قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى 21 ـ ئەسىر ماركسىزمى، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ۋە شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ سادىق ئېتىقادچىلىرى ۋە قەتئىي ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرى بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئەسلى ئەسەرنى ئەينەن ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئەينەن ئۆگىنىش، قائىدىنى ئەينەن ئۆزلەشتۈرۈش، ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىش، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىش، ئىشلەش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا سىياسىي يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، كۈچلۈك پارتىيەۋىلىكنى چېنىقتۇرۇپ، مەنزىل ئەندىزىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلارنى تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە چوقۇم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش ۋەزىپە، باشلامچى قۇرۇلۇش قىلىپ، ئوقۇتۇش لايىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، باھالاش ـ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈشنىڭ دەۋر خاراكتېرى، قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈپ، سىستېمىلىق، نوپۇزلۇق ھالدا دەرسلىككە كىرگۈزۈش، جانلىق، ئۈنۈملۈك ھالدا دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، تاشقا مۆھۈر باسقاندەك كاللىغا سىڭدۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.